

بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئاشۇرىدىغان
قىزىقارلىق چۆچەكلەر

# تۈلكىدىنمۇ ئەقىللىق قاغا



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئاشۇرىدىغان
قىزىقارلىق چۆچەكلەر

# تۈلكىدىنمۇ ئەقىللىق قاغا

تەرجىمە قىلغۇچى: پازىلجان مۇسا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
有趣的童话故事:维吾尔文/帕孜里江·木沙译.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.9
ISBN 978-7-5373-1617-0
Ⅰ.有… Ⅱ.帕… Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 143737 号

责任编辑:迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

# 有趣的童话故事

译者:帕孜里江·木沙

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米　1/32 开本　3.5 印张
2008 年 9 月第 1 版　2008 年 9 月第 1 次印刷
印数:1 — 3080　　定价:7.00 元

---

如有质量问题,请与我社联系调换。电话:0998—2653927

# مۇندەرىجە

تېۋىپ بۆكەن ........................................ 1
زېرەك مىللا ........................................ 5
چەۋەنداز بىلەن ئۈچ ئەما ........................................ 9
مۈشۈك بىلەن ئاسلان ........................................ 13
تەدبىرلىك دۈگلى ........................................ 16
ۋەزىر بىلەن لەشكەر ........................................ 20
دانا قازى ........................................ 24
كىت، پىل ۋە بۆجەن ........................................ 28
ئەقىللىق توقۇمۇچى ........................................ 33
تۈلكە بىلەن ئاق قۇ ........................................ 37
دوراش ماھارىتى ........................................ 42
ئەقىللىق قىزچاق ........................................ 45
كىرپە بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ........................................ 49
تۈلكىدىنمۇ ئەقىللىق قاغا ........................................ 53
ئۈنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................................ 57
چېچەن بۇغا ........................................ 60
ئامبالنىڭ ئۆتتۇرغانلىقىغا تەن بېرىشى ........................................ 64
بوغما يىلاننى پەم بىلەن ئۆلتۈرۈش ........................................ 69
ئات ئىزدەش ........................................ 73
ئاچ كۆز دۆە ........................................ 76

ئۈچ قىز .................................................... 80
دېھقان ئايالنىڭ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈشى ....................... 84
توخۇ بىلەن تىمساھ ............................................ 87
دانىشمەن قازى .................................................. 91
ماشىنىچى بىلەن دىۋە ............................................ 95
ئەجدىھانى يوقىتىش ............................................ 99
زەھەرلىك يىلاننى يەم بىلەن ئۆلتۈرۈش ......................... 102
بىر كومزەك زەھەر .............................................. 105



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# تېۋىپ بۆكەن

شىر ئورمانلىقتىكى هايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ناھايىتى زالىم، قەبىھ ۋە رەھىمسىز ئىكەن. هايۋانلار ئۇنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا، ھەممىسى ئۇنىڭغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىر تۇيۇقسىز ئاغرىپ قاپتۇ، ئاغرىغاندىمۇ خېلى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ ئاغرىق دەستىدىن تولغۇنۇپ، توختىماي ئىڭراپ:

— پىل ئىنىم، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، ئاغرىققا چىدىيالماي قالدىم، — دەپتۇ.

ئادەتتە شىر پىلغا ھېچقانداق ئەسكىلىك قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن پىل ئۇنىڭغا ئۆچ ئىكەن. چۈنكى، شىرنىڭ باشقا هايۋانلارنى بوزەك قىلىشى پىلغا زادىلا ياقمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ پىل ناھايىتى ئاق كۆڭۈل هايۋان بولغاچقا، شىرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پىل كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئىرغاڭلىتىپ بۆكەننىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. چۈنكى، بۆكەن مۇشۇ ئەتراپتا داڭق چىقارغان تېۋىپ ئىكەن.

پىل بۆكەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بۆكەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ سەك-

رەپ كېتىپتۇ:

— كىم ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىغۇدەك؟ ئۇنداق زا- لىمنى كىم داۋالىسا داۋالىسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۆچ! ئۇنى تېزرەك ئۆلسىكەن، دەيمەن.

— بۆكەن تېۋىپ، ئاغرىققا ئامال، ئۆلۈمگە سەۋەب قىلىش سىزنىڭ بۇرچىڭىزغۇ! — دەپتۇ پىل.

— گەپ كىمنى قۇتقۇزۇشتا، ئۇ ئەبلەخ بۇ يەردىكى قانچىلىغان دوستلىرىمىزنى بوزەك قىلمىدى؟ ئۇ يەنە مې- نىڭ ئىككى ئوغلۇمنىمۇ يېۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا ئەشەددىي ئۆچ!

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار، ئۆتكەن ئىشقا سالى- ۋات، هازىر شىر قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇڭ.

پىلنىڭ گەپ - سۆزلىرى بۆكەننى ئېرىتەلمەپتۇ. بۆ- كەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— بارمايمەن دېدىم بارمايمەن، ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بارمايمەن! — دەپتۇ.

پىل ئامالسىز بۆكەننىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىقىپ، ئورمانلىقتا تېۋىپ ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. بارلىق هايۋانلار شىر- غا ئۆچ بولغاچقا، هېچكىمنىڭ ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغۇسى كەلمەپتۇ.

شىرنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئۇققان مايمۇن ئەقلىنى ئىشقا سالپتۇ - دە، پىلنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋېلىپ، دەرەخ شېخى بىلەن پىلنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بۆكەننى قايىل قىلىپ، شىر نىڭ كېسىلى-
نى داۋالاپ قويۇشقا ئۇنىتىشىمغا ئىشىنەمسەن؟ — دەپ
سوراپتۇ.

پىل خارتۇمىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، مەن سېنى بۆكەننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ با-
راي، — دەپتۇ.

پىل مايمۇننى دۇمبىسىگە مىندۇرۇپ، بىر دەمدىلا بۆ-
كەننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

مايمۇن بۆكەننىڭ قۇلىقىغا بىر هازا پىچىرلاپتۇ. بۆ-
كەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، بولىدۇ، مايمۇن ئىنىمنىڭ يۈزىنى قى-
لىپ بارسامۇ باراي، — دەپتۇ.

پىل بۆكەن بىلەن مايمۇننى دۇمبىسىگە مىندۇرۇپ،
بىر دەمدىلا شىرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. قارىسا شىر
راستىنلا قاتتىق بىتاب بولۇپ ياتقۇدەك.

بۆكەن شىرغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— هۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، نەلىرى ئاغرىي-
دۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— ھەممە يېرىم... پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىيدۇ، ئاغرىق
دەستىدىن بولالماي قالدىم...

بۆكەن شىرنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ قارىۋەتكەندىن كې-
يىن:

— ئاغرىقىڭىزنى بىكار ئەمەسكەن، چىشلىرى پۈتۈنلەي
كاردىن چىقىپتۇ، تارتىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك، — دەپتۇ.

— ئاغرىق توختايدىغانلا ئىش بولسا تارتىۋەتسىڭىزمۇ

تارتىۋېتىڭ،— دەپتۇ شىر.

شۇنىڭ بىلەن بۆكەن شىرنىڭ چىشلىرىنى پۈتۈنلەي تارتىۋېتىپتۇ، ئاندىن شىرغا قاراپ:

— تىرناقلىرىڭىزمۇ كۆرۈپ باقاي، بەزىدە تىرناقمۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ،— دەپتۇ.

شىر تىرناقلىرىنى چىقارغانىكەن، بۆكەن قاراپلا:

— ئاپلا، تىرناقلىرى ياللۇغلىنىپ كېتىپتۇ، ئېلىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك،— دەپتۇ ـ دە، مايمۇن، پىللارنىڭ ياردىمىدە شىرنىڭ تۆت پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى قالدۇرماي ئېلىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئىككى بولاق دورا بېرىپ، ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ.

شىر دورىنى ئىچكەن ئىكەن بىردەمدىلا ئاغرىق توختاپتۇ. بىراق، بىردىنلا ئەسلىدىكى ۋەھشىي ھالىتىگە قايتىپتۇ:

— سىلەر كېسىلىمنى داۋالاپ قويدۇڭلار، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن سىلەرنى يەيمەن!

بۆكەن شىرغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئىت پوق يەيدىغان ئادىتىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيدۇ، مەن سېنىڭ شۇنداق قىلىشىڭنى ئويلاپ يەتكەن،— دەپتۇ.

مايمۇنمۇ چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ، مەسخىرە ئارىلاش ھالدا:

— پادىشاھ، سېنىڭ چىشىڭمۇ، تىرنىقىڭمۇ بولمىسا بىزنى قانداق يېيەلەيسەن؟— دەپتۇ.

شىر ھەسرەتلەنگەن ھالدا لەسسىدە بوشىشىپ، مىدىر-سىدىر قىلالماي يېتىپ قاپتۇ.

# زىرەك مىللا

بۇرۇن بىر تۇل ئايال بولۇپ، ئوغلى مىللا بىلەن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ مىللا چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى مىلانىڭ ئانىسى:

ئوغلۇم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزۈڭ قامدىغىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مىللا بازارغا بېرىپتۇ ۋە بىر بايغا ياللىنىپ ئىشلىمەكچى بوپتۇ. مىللا باينىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، باي بىر - ئىككى كۈنگىچە ئۇنى ئىشقا سالماپتۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللا جىددىيلىشىپ بايدىن:

— باي ئاكا، مەن قىلغۇدەك ئىش يوقمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— بار، بار، لېكىن ئەتە قىلىمىز،— دەپتۇ باي.

ئەتىسى باي مىللاغا بىر كالىنى سويدۇرۇپ، تېرىسىنى ئاجراتقۇزۇپتۇ، ئاندىن ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ كېلىپ، قورۇق تاغاردىن تۆتنى ئېلىپ، مىللا بىلەن بىرگە ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، بىر تاغنىڭ باغرىغا كەپتۇ. باي مىللاغا تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى يۈك - تاقلارنى چۈشۈرگۈزۈپتۇ، ئاندىن كالا

تېرىسىنى ئېچىپ يەرگە سېلىپ، مىلانى تېرىنىڭ ئۈستىدە يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. مىلا تېرىنىڭ ئۈستىدە يېتىشى بىلەن تەڭ، باي تېرىنى مىلا بىلەن قوشۇپ يۆگەپ، ئارغامچا بىلەن مەھكەم تېڭىپ قويۇپ، ئۆزى يوغان بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ.

تۇيۇقسىز، ناھايىتى يوغان ھەم ياۋۇز ئىككى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، تۇمشۇقى بىلەن كالا تېرىسىنى چىشلەپ، تاغ چوققىسىغا ئاچىقىپ، چوقۇلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. مىلا شۇندىلا تېرە ئىچىدىن چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇشلار ئۈركىگەن يېتى قېپقالغان كالا تېرىسىنى چىشلەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، مىلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان باي:

— يۇتۇڭنىڭ ئاستىدىكى گۆھەرلەرنى ماڭا تاشلاپ بەر، تېزرەك بول، — دەپ توۋلاپتۇ.

مىلا قارىسا ئەتراپىدا جاۋاھىراتلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن، ئۇ گۆھەرلەرنى بىر - بىرلەپ بايغا تاشلاپ بېرىپتۇ. باي بىردەمدىلا تۆت تاغارنى گۆھەر بىلەن توشتۇرۇپتۇ، ئاندىن مىلا بىلەن كارىمۇ بولماي، تۆت تاغار گۆھەرنى ئىككى تۆگىگە ئارتىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. مىلا شۇ چاغدىلا باينىڭ قارا نىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

مىلا ھەرقانچە قىلىپمۇ تاغدىن چۈشىدىغان يول تاپالماپتۇ. قارىسا ئەتراپىدا نۇرغۇن جەسەت سۆڭەكلىرى تۇرغۇدەك. مىلا بۇ سۆڭەكلەرنىڭ ھېلىقى بايغا ياللىنىپ ئىشلە-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.c

گەن ئىشلەمچىلەرنىڭ سۆڭىكى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.
توساتتىن بىر بۆركۆت مىلاغا قاراپ ئۇچۇپ كەپتۇ. مىلا دەرھال كاللىسىنى ئىشلىتىپ، بۆركۆتنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋاپتۇ. بۆركۆت ئۇچقانسېرى پۇتى ئاغرىپ ھەم ھېرىپ، ئاخىر بىر دەريانىڭ بويىغا قونۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلانىڭ جېنى ئامان قاپتۇ.
مىلا ھېلىقى كۆڭلى قارا باينىڭ چوقۇم باشقا ياشلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى جايلىۋەتمەكچى بوپتۇ.
مىلا يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ باشقىچە ياسىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بازارغا بېرىپتۇ. دېگەندەك بايمۇ بازاردا ياللايدىغان ئادەم ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. مىلا ئەسكى تۇماقتىن بىرنى كىيىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ باينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئاۋازىنى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقىرىپ:
— بېگىم مېنى ئىشلەتمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۆيۈمدىكى ئىشلار بەك تەس، ھەقنىمۇ ئاز بېرىمەن، — دەپتۇ باي.
— ھېچقىسى يوق، پەقەت قورسىقىم تويسىلا بولدى.
باي مىلانى تونۇيالماپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇ مىلانىڭ ھايات قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ، باي مىلانى ياللاپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. مىلا ئاۋۋالقىدەك ئىككى كۈن ئارام ئاپتۇ، ئاندىن ئۇلار بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى ئاجرىتىپ، ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ، تۆت تاغارنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ھېلىقى تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە باي يەنە مىلانى تېرىنىڭ ئۈستىدە

يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. مىللا:

— مەن قانداق يېتىشنى بىلەلمىدىم، سىز كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز؟ — دەپتۇ.

باي تېرىنى يەرگە سېلىپ ئۈستىدە يېتىپ، مىللاغا كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ. مىللا تېزلىك بىلەن تېرىنى باي بىلەن قوشۇپ يۆگەپ، ئارغامچا بىلەن چىڭ تېڭىپ قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن شۇنداق ياۋۇز ئىككى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، كالا تېرىسىنى چىشلەپ تاغ چوققىسىغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ ۋە كالا تېرىسىنى چوقۇلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار تازا مەززە قىلىپ يەۋاتقاندا باي تېرىدىن چىقىپ قاپتۇ. باينى كۆرگەن قۇشلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

باي ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، مىللا پەستە تۇرۇپ توۋلاپتۇ:

— باي ئاكا، ئالدىنقى قېتىم مەن سىزگە گۆھەرلەرنى تاشلاپ بەرگەندەك، سىزمۇ ماڭا تېزرەك تاشلاپ بېرىڭ، قانچە تېز تاشلىسىڭىز شۇنچە ياخشى، تۆت تاغار توشقۇچە تاشلاڭ!

باي شۇندىلا مىللانى تونۇپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن:

— ھەي، ئالدىنقى قېتىم سەن تاغدىن قانداق چۈشكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. مىللا:

— ئەتراپىڭىزدىكى ئاۋۇ جەسەت سۆڭەكلىرىدىن سوراڭ، شۇلار ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، تۆت تاغار گۆھەرنى ئىككى تۆگىگە ئارتىپ، ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

# چەۋەنداز بىلەن ئۈچ ئەما

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا ئۈچ ئەما بار بولۇپ، ئۇلار بىر-
گە تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. بىر كۈنى بىر چەۋەنداز يول-
دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنى كۆرۈپتۇ ۋە:
— دوستلار توختاڭلار! مەن سىلەرگە بىر تىللا بېرى-
مەن، چوقۇم ئۈچۈڭلار تەڭ بۆلۈشۈڭلار كېرەك، ھېچ-
كىمنىڭ يالغۇز ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت يوق، — دەپتۇ.
ئۈچ ئەما بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە «بۇ ئادەم تىللانى
ئارىمىزدىكى بىرەيلەنگە بەردى» دەپ ئويلاپتۇ، ئەمەلىيەتتە
چەۋەنداز ھېچكىمگە بىر تىيىنمۇ بەرمىگەنىكەن. چەۋەنداز-
نىڭ مەقسىتى بۇ ئۈچ ئەمانىڭ زادى قانداق قىلىدىغانلىقىنى
سىناپ بېقىش ئىكەن.
— بۈگۈن بۇ ئاق كۆڭۈل، سېخىي ئادەمنىڭ ھىممى-
تى بىلەن بىر تىللاغا ئېرىشتۇق. ياخشىسى ئاشپۇزۇلغا
كىرىپ بىر تويۇۋالايلى، — دەپتۇ بىر ئەما.
— مەيلى، كىرسەكمۇ كىرەيلى، تۈزۈكرەك تاماق
يېمىگىلى خېلى ئۇزاق بوپتۇ، — دەپتۇ قالغان ئىككى ئەما.
ئۈچ ئەما سىيپاشتۇرۇپ بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا
كەپتۇ. خوجايىن ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىگە قارىسا پۇلى
يوقتەك قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھەشەمەتلىك بې-

ـزەلگەن ئايرىمخانىغا باشلاپتۇ ھەمدە مول داستىخان راسلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار مەززىلىك تائاملارنى ھوزۇرلىنىپ يەپ، قورسىقىنى راسا تويدۇرۇپتۇ. تائاملار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن خوجايىن ھېساب قىلىشىنى ئېيتىپتۇ.

— بىزدە بىر تىللا بار، سىز ئاشقان پارچە پۇللارنى بىزگە بەرسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ بىر ئەما.

ئۇلار شۇنداق دېگەنبىلەن ھېچكىم يانچۇقىدىن تىللانى چىقىرالماپتۇ. ئۇلاردىن پۇل چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن خوجايىننىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، ئۇلارنى كالتەك بىلەن دۇمبالاپ ئاچچىقىنى چىقارماقچى بوپتۇ.

بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان چەۋەنداز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ خوجايىننى توسۇۋاپتۇ ۋە:

— ئۇلارنى ئۇرماڭ، بۇ پۇلنى مەنلا تۆلەيتەي، — دەپتۇ.

خوجايىن ئۈچ ئەمانى قويۇۋېتىپتۇ.

— بۇگۈن يانچۇقۇمغا پۇل سېلىۋالماپتىمەن. مۇشۇ يەردىكى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقىغا يېلىنماقتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلىدۇ. ئۇ مېنىڭ قەدىناس دوستۇم ئىدى. سىز ئۇنى تونۇمسىز؟ — دەپتۇ چەۋەنداز.

— تونۇمامدىغان، ئەلۋەتتە تونۇيمەن. ئۇ دېگەن داڭلىق دوختۇر تۇرسا، — دەپتۇ خوجايىن.

چەۋەنداز خوجايىننى باشلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا دوختۇرخانا باشلىقى كېسەل كۆرۈۋاتقانىكەن. چەۋەنداز خوجايىننى سىرتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ

قويۇپ، ئۆزى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپتۇ ۋە:

— دوختۇرخانا باشلىقى سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قاراڭ ئۇ مېنىڭ قوشنام ئىدى، تۈنۈگۈن كەچتە تۇيۇقسىز ساراڭ بولۇپ قېلىپ، بىزنى بىر كېچە ئۇخلاتمىدى، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى داۋالاپ قويغان بولسىڭىز،— دەپ سىرتتا ئولتۇرغان خوجايىننى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. دوختۇرخانا باشلىقى سىرتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان خوجايىننى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. خوجايىن دوختۇرنىڭ باش لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

چەۋەنداز خوجايىننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قەدىناس دوستۇم مەن ئۇچۇن پۇلنى تۆلىۋېتىشكە قوشۇلدى، ئەمدى مەن ماڭاي،— دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

چەۋەنداز كېتىپتۇ، دوختۇرخانا باشلىقى باشقا بىمارلارنى كۆرۈپ بولۇپ خوجايىنغا قاراپ:

— قېنى كىرىڭ،— دەپ، ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ.

خوجايىن كىرىپتۇ، دوختۇرخانا باشلىقى:

— تۇگمىگىزنى يېشىڭ، تەكشۈرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

خوجايىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ:

— نېمە، قەرز قايتۇرسىڭىزمۇ سالامەتلىك تەكشۈرەمسىز؟— دەپتۇ.

خوجايىننىڭ ئاچچىقلانغان ھالىتىنى كۆرگەن دوختۇرخانا باشلىقى بۇ ئادەم راستتىنلا «ساراڭكەن» دەپ ئويلاپ، سىپايىلىك بىلەن:

— ماڭا ئىشىنىڭ، كېسىلىڭىزنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، دورا بېرىمەن، ئەقىل - ھوشىڭىز جايىغا كېلىدۇ، — دەپتۇ. خوجايىن:

— تولا قۇرۇق گەپ قىلماي پۇلۇمنى بەر، — دەپ ۋارقىراپتىكەن، شۇ ھامان ئىككى قوغدىغۇچى كىرىپ خوجايىننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، سۆرەپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ.

خوجايىن شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ چەۋەندازنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.c